## 103755 ـ يېرىم يالىڭاچلىق تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ئەمەس

### سۇئال

يېرىم يالىڭاچلىق تاھارەتنى بۇزامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان ئايال شەرئى ھىجابنى لازىم تۇتۇشى، يات ئەرلەرگە زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلماسلىقى كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ تەرجىمىسى: «تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن. لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن. (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا)زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، قېيىن ئاتىلىرىدىن، ئوغۇللىرىدىن، ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، دىنداش ئاياللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن»  [سۈرە نۇر 31-ئايەت].

بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن 21134-، 21536- ۋە 11774- نۇمۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا قىز-خانىملارنىڭ ھىجابلىنىشىنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى دەلىللەر تەپسىلى بايان قىلىندى.

تاھارەت ئالغان ئايال يېرىم يالىڭاچ كىينگەن بولسا، تاھارىتى توغرا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تاھارىتى بۇزۇلمايدۇ، لېكىن يېرىم يالىڭاچ كېيىنىش بىلەن ھارام ئىشنى سادىر قىلغان بولىدۇ. تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ تەپسىلاتى 14321 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.